# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 11 - ئاي

13

جۈمە

维吾尔文 11 月13日

新疆日报　شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com　شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65－0002/－W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25244 - سان　بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ كىپەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 12 - قېتىملىق ئۇچرىشىشى، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 27 - قېتىملىق رەھبەرلەر بىرەسمىي يىغىنى، 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 15 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى** دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مۇنۇلارنى جاكارلىدى: رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ زۇڭتۇڭى پۇتىننىڭ تەكلىپى بىلەن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كىپەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 12 - قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىدۇ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

## شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى** پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شاڭخەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىلمىي ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا مۇلازىمەت قىلىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ ئېغىر يۈكنى زىممىگە ئېلىشقا، ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، تىرىشىپ ئىجتىمائىي يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يول ئاچقۇچى ئاۋانگارتلىرىدىن، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ باشلامچىلىرىدىن، «تۆت ئىشەنچ»نى نامايان قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، دۇنياغا جۇڭگو ئىدىيەسى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو يولىنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلىش كېرەك. **(سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى 2 - بەتتە)**

شاڭخەي دۇنيا يەرمەنكىسى مەركىزىدە كەيپىيات داغدۇغىلىق، قىزغىن ئىدى. يىغىن مەيدانىغا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، پۇدۇڭنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشايلى! دېگەن پىلاكات ئېگىز ئېسىلغانىدى.

سائەت 9دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە يىغىن باشلاندى. ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، دۆلەت شېئىرىنى ئۈنلۈك ئېيتتى.

قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 30 يىل ئىلگىرى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى چوڭ ۋەزىيىتىگە ئومۇميۈزلۈك ھۆكۈم قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، شاڭخەي پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىش مۇھىم، زور تەدبىرىنى چىقىرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاپ ئالغا سىلجىتىشنىڭ يېپيېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، زور ئۈمىد باغلاپ، شاڭخەي پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنى باشلامچى قىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى شەھەرلەرنى يەنىمۇ ئېچىۋېتىپ، تېزلىكتە شاڭخەينى خەلقئارا ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە، سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، چاڭجياڭ دېلتىسى ۋە پۈتكۈل چاڭجياڭ دەرياسى ئېقىن رايونى ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ھالقىشقا تۈرتكە بولۇشنى تەكىتلىدى، پۇدۇڭنىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالدىدا مېڭىشنى تەلەپ قىلدى. يېڭى دەۋرگە كىرگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشكە داۋاملىق ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ بىر قاتار ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىلىرىنى پۇدۇڭغا قويۇپ، پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشتە ئۈزلۈكسىز يېڭى كەيپىيات نامايان قىلىشقا تۈرتكە بولدى.

شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن شاڭخەيدىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئۇلارغا سەممىي سالام يوللىدى! پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشكە كۆڭۈل بۆلگەن، مەددەت بەرگەن، قاتناشقان شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلار ۋە ھەرقايسى دۆلەت زاتلىرىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 30 يىلدىن بۇيان، پۇدۇڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىجادىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مۆۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئىقتىسادتا ھالقىما تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇردى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ماڭدى، يادرولۇق رىقابەت كۈچى زور دەرىجىدە كۈچەيدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئۇچقاندەك ئۆرلىدى. پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغان 30 يىلدا قولغا كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئەڭ جانلىق رىئال ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەڭ تەسىرلىك ئەمەلىي كارتىنا بىلەن تەمىنلىدى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان شەكىللەنگەن پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرى تامامەن توغرا؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى؛ ئىسلاھات، تەرەققىياتتا جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز قىلىپ، خەلققە تايىنىپ تارىختىكى ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



**11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى شاڭخەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېن خۇڭ فوتوسى**

# شى جىنپىڭ 3 - نۆۋەتلىك پارىژ تىنچلىق مۇنبىرىدە سىنلىق سۆز قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 3 - نۆۋەتلىك پارىژ تىنچلىق مۇنبىرىدە «يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، قايتا جانلىنىشنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈپ، تىنچلىقنى ئورتاق كۆزلەيلى» دېگەن تېمىدا سىنلىق سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، دۇنيا ئەندىزىسى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرمەكتە، ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك ۋە غەيرىي ئەنئەنىۋى خەۋپسىزلىك تەھدىتى ئارقا - ئارقىدىن ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈۋاتىدۇ، خەلقئارا ۋەزىيەتتە مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق كۆرۈنەرلىك ئېشىۋاتىدۇ. يەر شارىۋى خاراكتېرلىك تەھدىت ۋە خىرىسلارغا يەر شارىۋى خاراكتېرلىك تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

شى جىنپىڭ ئۈچ تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرىنچى، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمدەم بولۇپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش كېرەك. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا يامراۋاتىدۇ. خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاچقۇچلۇق رەھبەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلقئارا بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىسى ۋە دىياگنوز قويۇش - داۋالاش تېخنىكىسىدىن داۋاملىق تەڭ بەھرىلىنىپ، زۆرۈر داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەپ، جۇڭگو ۋاكسىنىسىنى يەر شارىۋى ئاممىۋى مەھسۇلات قىلىش ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشنى، خەلقئارا جەمئىيەت، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## يېڭى باشلىنىش　يېڭى مۇساپە

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىدېئولوگىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى

# يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك ئىدىيەۋى كاپالەت ۋە قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىنلەش كېرەك

## چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى

## شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۈي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىدېئولوگىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا، چېن چۈەنگو، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىدىكى باشقا يولداشلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يازما پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىدېئولوگىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتىكى ئورتاق ئىدىيەۋى - سىياسىي ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك ئىدىيەۋى كاپالەت ۋە قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن چۈەنگو سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىدېئولوگىيە خىزمىتىدىكى بىر قاتار يۆنىلىش خاراكتېرلىك، تۈپ خاراكتېرلىك، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك مۇھىم، زور مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، بىزنىڭ ئىدېئولوگىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 102 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 102 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجراسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخىنى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىش ھەم تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكى بازاردا سېتىشقا ئۆزگەرتىشنى قوللاش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ دوكلات يىغىنى بىڭتۇەندە ئۆتكۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ شياۋيەن** خەۋەر قىلىدۇ: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ دوكلات يىغىنى بىڭتۇەندە ئۆتكۈزۈلدى. مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، سۇچىلىق مىنىستىرلىقى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مىنىستىر ئې جىڭپىڭ لېكسىيە دوكلاتى بەردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)